ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى-رويۇڭ سامان بولماس

# يېڭى ھايات
ЖАҢА ӨМІР

1995 ژىل
21-يانۋار
شەنبە
№3
(3960)
ئەركىن باھا

جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي-سىياسىي «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ ھەپتىلىك قوشۇمچىسى 1970-ژىلى 1-ياندۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ.

## ئەخبارات ئاگېنتلىقلىرى خەۋەرلىرىدىن

### دۇدايېۋ بىلەن سۆزلەشكىسى كەلمەيدۇ

**پرېزىدېنت بورىس يېلتسىن كرېملدا ژۇرناللىستلار بىلەن ئۇچرىشىش ئۆتكۈزدى.**

ئۇ چېچەنىستاندىكى ئەھۋال توغرىلىق ئېيتىپ، «بىز ئۆز خەلقىگە قارشى گېنوتسىد ژۈرگۈزگەن دۇدايېۋ بىلەن مۇزاكىرە ژۈرگۈزمىز كەلمەيدۇ، ئۇنىڭدىن كورە دالا كوماندىرلىرى بىلەن، تاھىيەلىك ۋە شەھەرلىك ئىلگەركى ۋەكىللەر بىلەن ئۇچرىشىشنى مۇۋاپىق دەپ ھېساپلايمىز» دەپ بىلدۈردى. پرېزىدېنتنىڭ تەكىتلىشىچە، يېقىن كۈنلەردە چېچەنىستاندىكى ئۇرۇش ھەرىكەتلىرى ئاياقلىشىپ، ئۇ يەردە ئىچكى ئىشلار مىنىسترلىگىنىڭ بۆلۈمچىلىرى نازارەت قىلىدىغان بولىدۇ.

### ۋەزىيەت ئېغىر بويىچە قالماقتا

**گروزنىيدىكى ۋەزىيەت ھازىرمۇ كەسكىن بويىچە قالماقتا.**

پرېزىدېنت سارىيىنى دۇدايېۋ ئەسكەرلىرى-120 جەڭچى قوغداماقتا. بىنا ئىچىدە روسسىيە سولداتلىرىدىن قولغا چۈشكەن 50كە يېقىن ئەسىر تۇتۇپ تۇرۇلماقتا.

### پرېزىدېنتقا ئىشەنچسىزلىك بىلدۈردى

**خاباروۋسك ئۆلكىلىك دۇمانىڭ دېپۇتاتلىرى چېچەنىستان جۇمھۇرىيىتىدە يۈز بېرىۋاتقان ۋاقەلەرنى ئويلاشتۇرۇلمىغان مىللىي سىياسەتنىڭ ئاقىۋىتى دەپ ھېساپلايدۇ.**

دۇمانىڭ قوبۇل قىلغان قارارىدا روسسىيە پرېزىدېنتىغا كۆپ مىللەتلىك بىر پۈتۈن روسسىيەنى ۋەيران قىلغان سىياستى ئۈچۈن ئىشەنچسىزلىك بىلدۈرۈش تەكلىپ قىلىنغان. ئۆلكىلىك دۇما جاڭجالنىڭ قۇرال كۈچى بىلەن تەرتىپكە كەلتۈرۈلۈشىگە قارشى بولماقتا.

### قاتتىق تەشۋىشلەنمەكتە

**چېچەنىستاندىكى ئۇرۇش غەربىي مەملىكەتلىرىنىمۇ قاتتىق تەشۋىشلەندۈرمەكتە.**

گفج بۇندېستاگى ئۆزىنىڭ نۆۋەتتىكى مەجلىسىدە چېچەنىستاندىكى جاڭجالنى مۇھاكىمە قىلماقچى. ياۋروپا ئىتتىپاقىمۇ ئۆز ۋەكىللىرىنى ئۇرۇش بولۇۋاتقان يەرگە ئەۋەتىشكە ھازىرلانماقتا. ئۇتكەن ھەپتىدە روسسىيە مۇنداق دېلېگاتسىيەنى قوبۇل قىلىشقا رازىلىق بەرگەن ئېدى.

### مۇداپىئە مىنىسترىنى قورغاپ قالدى

**«ۋىبور روسسىي» فراكسىيەسىگە ئەزا دېپۇتات ل. پونومارېۋ دولەتلىك دۇمادا پ. گراچېۋنى ئورنىدىن چۈشىرىش توغرىلىق مەسىلە كوتەردى.**

ئۇنىڭ بۇ تەكلىۋىنى كوپچىلىك دېپۇتاتلار قوللىماي، مۇداپىئە مىنىسترىنى قورغاپ قالدى.

### ئانقارادىكى يىغىلىش

**ئانقاراغا ژىغىلغان تۈركمەنىستان، تۈركىيە، ئىران، روسسىيە ۋە قازاقستان ۋەكىللىرى تۈركمەن گازىنى ياۋروپىغا يەتكۈزۈش پىلانلىنىۋاتقان گاز تۇرۇبىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا باغلىق مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلدى.**

گاز تۇرۇبىلىرىنىڭ يونىلىشىنى بەلگۈلەشكە بېغىشلانغان مەجلىسكە تۈركمەنىستان پرېزىدېنتى س. نىيازوۋ رىياسەتچىلىك قىلدى. ئىران بىلەن تۈركىيە ئۆز يېرى ئارقىلىق گاز ماڭغۇزۇشقا رازىلىق بەرگەنلىكىنى قۇۋۋەتلىدى.

### ختايدىكى توغۇت مەسىلىسى

**ختايدا بالا تېپىش بويىچە دولەت پىلانى قىرەلىدىن بەش ژىل ئىلگىرى ئورۇنلاندى.**

شۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۆتكەن ژىلى ختاي خەلقى 1،2 مىللىارد ئادەمگە يەتتى. بۇ يېڭىدىن «دېموگرافىيەلىك سىلكىنىش» خەۋپىنى پەيدا قىلماقتا. ھوكۈمەت ئائىلىلەرنىڭ مۇنداق «ئاكتىۋلىقىغا» ئىنتايىن رازى ئەمەس.



نوماق ئۇيغۇر قىزلىرى.

ر. يۇسۇپوۋنىڭ سۈرەت ئېتيودى.

### يەخرىي ناملار بېرىلدى

جۇمھۇرىيەت پرېزىدېنتىنىڭ پەرمانىغا بىنائەن ئەدەبىياتنى رىۋاجلاندۇرۇشقا قوشقان توھپىسى، مەھسۇلدار ئىلمىي-پېداگوگىكىلىق خىزمەتلىرى ئۈچۈن يازغۇچى، ئەل-فارابىي نامىدىكى قازاق دولەتلىك مىللىي دارىلفۇنۇنىنىڭ كافېدرا مۇدىرى زېينوللا قابدولوۋقا «قازاقستان خەلىق يازغۇچىسى» دېگەن يەخرىي نام بېرىلدى.

* * *

پرېزىدېنتنىڭ پەرمانى بىلەن مۇسىقا مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا سىڭدۈرگەن ئالاھىدە ئەجرى ھەمدە كونسېرتلىق خىزمەتلىرى ئۈچۈن «قازاقكونسېرت» قازاقستان مەملەكەتلىك كونسېرتلىق-گاستروللۇق بىرلەشمىسىنىڭ ناخشىچىسى ماقپال ژۈنسوۋاغا «قازاقستان خەلىق ئارتىسى» يەخرىي نامى بېرىلدى.

### قازاقستاننىڭ چېچەنىستان خەلقىگە سەممىي ياردىمى

جۇمھۇرىيەت پرېزىدېنتى بىلەن ھوكۈمىتىنىڭ قارارى بويىچە چېچەنىستان خەلقىگە سەممىي ياردەم-70 تونىنا ھەر تۈرلۈك ئوزۇق-تۈلۈك مەھسۇلاتلىرى بولۇندى.

17-يانۋار كۈنى پەۋقۇلاددە ئەھۋاللار بويىچە دولەت كومىسسىيەسى بۇ ژۈكنى «قازاقستان ھاۋا يولى» مىللىي ئاكسىونېرلىق ئاۋىا كومپانىيەسىنىڭ ئىككى ئىل-76 سامولىوتى بىلەن ۋلادىكاۋكازغا يەتكۈزدى. ئۇ چېچەنىستاندا سەممىي ياردەملەرنى تەخسىم قىلىش بويىچە روسسىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ ھوكۈمەت كومىسسىيەسىگە تاپشۇرۇلدى.

(قاز تاگ).

### تەشەككۈرنامە

**«ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچىسى «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىنىڭ تەھرىراتى 1995-ژىلغا مۇشتىرى توپلاش ئىشىغا پائال ئىشتىراك قىلغان ئالمۇتا شەھىرى درۇژبا مەھەللىسىدىكى ئاكتىۋىستلىرى-مەھەللىنىڭ ژىگىت بېشى ئابدۇۋەلى ئاخۇنوۋقا، ھۇنداقلا پەرىدەم پەتتاروۋاغا، شەمشىدىن روزىيېۋقا، مەسىم مەمرووۋقا سەممىي مىننەتدارلىقىنى ئىزھار قىلىدۇ.**

